# ئامانەتدار قز



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

بىر كۈنى پاتىمە مەكتەپتە تەنەپپۇس ۋاقتىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن ئويناۋېتىپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يېنىدىن بىر تال سائەت تېپىۋاپتۇ.



پاتىمە سائەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماستىن، بەلكى ئۇنى مۇئەللىمىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.



مۇئەللىمى ئۇنىڭغا:- پاتىمە، ئاللاھ سىزگە كاتتا مۇكاپات بەرسۇن! سىز ئامانەتدار بىر قىز ئىكەنسىز، - دەپتۇ.
ئەسلىدە پاتىمە سائەتنى تېپىۋالغاندا ھېچكىم كۆرمىگەن ئىكەن، خالىسا ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالالايدىكەن، ئەمما ئۇ ئاللاھنىڭ ھەردائىم ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلىماپتۇ.



بىر ئازدىن كېيىن ئائىشە ئىسىملىك بىر قىز يىغلىغان پېتى مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە سائىتىنى يۈتتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە پاتىمە تېپىۋالغان سائەت شۇ قىزنىڭ سائىتى ئىكەن. مۇئەللىم ئۇنىڭغا سائىتىنى بېرىپتۇ ۋە:- پاتىمەگە رەھمەت ئېيتىڭ، - دەپتۇ.



ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپ مۇدىرى پاتىمەنى ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ماختاپ، تەقدىرنامە بېرىپتۇ.

